# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
20
دۈشەنبە
维吾尔文 1 月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24946 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

نازارەت قىلىش ئىدارە قىلىشنىڭ ئىچكى مۇھىم ئامىلى بولۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، پارتىيەمىزنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى، ئۈنۈملۈك تۈزۈمنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ «قاتتىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان 6 ـ لىيەن»دىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە جاۋاب خەت يېزىپ ئۇلارنى «قاتتىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان روھ»نى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، لىيەندۇينى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 74 ـ جىتۇەنجۈن مەلۇم لۇسىنىڭ «قاتتىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان 6 ـ لىيەن»دىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، «قاتتىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان روھ»نى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، لىيەندۇينى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى ھەم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە چاغانلىق بەخت تىلىدى. جاۋاب خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

**«قاتتىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان 6 ـ لىيەن»دىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر:**

ياخشىمۇ سىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. 2004 ـ يىلى، مەن لىيەندۇيگە مەخسۇس بېرىپ سىلەرنى يوقلىغاندىم. سىلەرنىڭ يۆتكەلگەندىن كېيىن شانلىق ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى نەتىجە ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى خۇش بولدۇم.

ئاساسىي قاتلام قىسىمنىڭ بارلىق خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ ئاساسى. سىلەرنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، «قاتتىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان روھ»نى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، لىيەندۇينى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

چاغان كېلەي دەپ قالدى، مەن سىلەرگە ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەرگە سەممىي سالام يوللايمەن ۋە گۈزەل تىلەك تىلەيمەن.

**شى جىنپىڭ**
2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى، ياڭ شىن رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى ئالاقىدار يولداشلار يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.



1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، پارتىيەمىزنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولى، ئۈنۈملۈك تۈزۈمنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتا جەزمەن «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا قارىتا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يېڭى دەۋردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەيلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. بۇ قېتىمقى يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 2020 ـ يىللىق پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، بىزنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشىمىز،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## تولۇپ تاشقان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن گۈللەنگەن دەۋرنى كۈيلەش توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ يېڭى سەھىپە يېزىش

—— ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ**

2019 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. 70 يىل زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، 70 يىل بوران ـ چاپقۇن، جاپا ـ مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە، تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى تولۇپ تاشقان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن گۈللەنگەن دەۋرنى كۈيلەپ، جۇڭخۇا زېمىنىدىكى ئالەمشۇمۇل غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلىدى!

بۇ بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەشۋىقات، ئىدىيە سېپى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

### چېن چۈەنگو سۆز قىلدى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پېشقەدەم يولداشلارغا چاغانلىق گۈزەل تىلەكلىرىنى تىلىدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات خىزمىتى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە قارىتا پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇن، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن قاتارلىق رەھبەرلەر ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا چاغانلىق سالام يوللىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، چېن چۈەنگو پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، 2020 ـ يىللىق خىزمەت ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تونۇشتۇردى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسى، سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پېشقەدەم يولداشلارغا چاغانلىق گۈزەل تىلەكلىرىنى تىلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باشتىن ـ ئاخىر پېشقەدەم كادىرلارنى ھۆرمەتلىدى، چىن ھېسسىياتى بىلەن پېشقەدەم كادىرلارنى ئاسرىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ جان ـ دىل بىلەن ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئەمەلىي رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، مۇھىم مەسىلىلەر، مۇھىم ئىشلارنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسى تەۋەسىدە 6.4 بال يەر تەۋرىدى

**چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر بىرىنچى ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، خەتەرلىك بەلباغدىكى ئاممىنى يۆتكەپ، تارقاقلاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يارىلانغانلارنى قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئىسسىقلىق ساقلاش ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى**

**ئۆز خەۋىرىمىز** 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت 21دىن 27 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسى تەۋەسىدە 6.4 بال يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى شىمالىي كەڭلىك 39.83 گرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 77.21 گرادۇستا بولۇپ، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 16 كىلومېتىر. تەۋرەش مەركىزى تاغلىق رايونغا تەۋە بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 55 كىلومېتىر كېلىدۇ. سائەت 23تىن 30 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر، دەسلەپكى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە بىر ئادەمنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقى، ئىككى ئادەمنىڭ يېنىك يارىلانغانلىقى ئېنىقلاندى، كونكرېت ئاپەت ئەھۋالى، زىيان يەنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىۋاتىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## تۇرسۇنجاننىڭ سودىسى بارغانسېرى يۈرۈشۈپ كەتتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز شېي خۇيبىيەن، لى شىڭ**

«بىزەش جەريانىدا قانداق قىلىپ بۇلغىنىشنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش، ھۈنەر ۋە ئىش تەرتىپى ناھايىتى مۇھىم، مەسىلەن، تاختاينى كەسكەندىن كېيىن، ۋاقتىدا يېپىق ھالەتتە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك...» 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، چىرا ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەربىيەلەش مەكتىپىدە، تۇرسۇنجان مەتتۇردى دەرس سۆزلەۋاتاتتى، تۆۋەندە ئولتۇرغان 30 نەچچە دېھقان ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى، بەزىلەر پات ـ پات خاتىرە قالدۇراتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)